# ئىبرەتلىك چۆچەكلەر



5

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# يەرنى يەتتە قېتىم ئاغدۇرساڭ ھوسۇل بەرمىسە قازىغا ئەرز قىل

بۇرۇنقى زاماندا، تۇرپان ئويمانلىقىدا بىر كەمبەغەل دېھقان ئۆتكەنىكەن. دېھقانىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىردىنبىر بايلىقى بولغان بىر پارچە يېرى بار ئىكەن. دېھقان ئايالى بىلەن بىرلىكتە ئاشۇ يەرگە ئىشلەپ، يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ تۇرمۇش لازىمەتلىرىگە خىراجەت قىلسا، بىر قىسمىنى ئېلىپ قېلىپ ئاران دېگەندە يىلنى - يىلغا ئۇلاپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دېھقانىنىڭ ئايالى ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. دېھقان ئايالىنى داۋالىتىشقا ھەرقانچە قىلىپمۇ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالماپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئامالسىزلىقتىن يېرىنى سېتىش نىيىتىگە كەپتۇ. دېھقان شۇ مەقسەتتە ئېتىز قىرىغا بېرىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا يەرگە قاراپ سۆزلەپتۇ:

— ئەي، قەدىناس يېرىم، مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشتى، شۇڭلاشقا سېنى ئامالسىزلىقتىن مەھەللىمىزدىكى ئەيسا بايغا سېتىۋەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، مەندىمۇ نېمە ئامال بار دەيسەن؟ لېكىن، سەن ھەرگىز كۆڭلۈڭنى بۇزما، سەن باينىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن كېلەر يىلى كۈزلۈكى ياخشى ھوسۇل بەرمە، شۇنىڭدا، مەن سېنى يەنە ئەرزان

باھادا قايتۇرۇپ سېتىۋالالايمەن.

دېھقان يېرى بىلەن ئەنە شۇنداق دەپ خوشلىشىپ، يېرىنى ئەيسا بايغا بەش تەڭگىگە سېتىپ بېرىپتۇ. ھايت - ھۇيت دېگۈچە يەنە بىر يىل ئۆتۈپ ھوسۇل پەسلى يېتىپ كەپتۇ. دېھقان بىر كۈنى ئېتىزغا بېرىپ شۇنداق قارىسا، ئاھھاي! دېھقاننىڭ ئاشۇ يېرىدە بۇغدايلار شۇنداق ئوخشاپ كەتكەنكى، دېھقان ئۆمرىدە بۇنداق ئوخشىغان بۇغداينى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ دېھقاننىڭ جۇدىنى ئۆرلەپتۇ - دە، يەرنى تېپىپ تۇرۇپ:

— ھەي، بىغەرەز يەر! مېنىڭ قولۇمدىكى چاغدا بۇنداق ھوسۇل بەرمىگەنىدىڭ، مېنىڭ سېنى ئەيسا بايغا ساتقۇچە ساڭا ئېيتقان سۆزلىرىم بۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ مەن سېنى ياخشى ھوسۇل بەرمە دېگەن ئەمەسمىدىم؟! — دەپ كايىپتۇ.

ئەسلى ئىگىسىنى كۆرگەن يەر خىجىل بولۇپ:

— كەچۈرۈڭ، ئىگەم، ئەتىيازدا ئەيسا باي مېنى كەينىدىن ئۈچ - تۆت قېتىم ئاغدۇرۇۋەتكەندى، بېشىم ئايلىنىپ كېتىپ، يەنە سىزنىڭ ئىلكىڭىزگە ئۆتۈپ بولغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ ياخشى ھوسۇل بېرىپ سايتىمەن، — دەپتۇ.

دېھقان يەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، گۇناھىنىڭ يەردە ئەمەس ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، دېھقان بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ بالىلىرىغا:

— يەرنى يەتتە قېتىم ئاغدۇرساڭ ھوسۇل بەرمىسە قازىغا ئەرز قىل، جاۋابىنى مەن بېرىمەن، — دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يەرنى يەتتە قېتىم ئاغدۇرساڭ ھوسۇل بەرمىسە قازىغا ئەرز قىل» دېگەن ماقال ئاشۇ دېھقان-نىڭ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىدىن

**ياسىن مۇھەممەد**

# بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھۆپۈپ ناھايىتى كۆپ ئوقۇغان، ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن، نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان زاتلارنىڭ بىرى ئىكەن. شۇڭا ھۆپۈپ ئۆزىنىڭ مول بىلىمىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن پۈتۈن ئالەمگە پادىشاھ بولغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ۋەزىرمۇ بولغانىكەن. ئۇنىڭ بېشىدىكى تاجى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ۋەزىر بولۇپ، ياخشى مەسلىھەت ـ تەدبىر كۆرسەتكەندە ئېرىشكەن تارتۇقى، شۇنداقلا ۋەزىرلىك مەنسىپىنىڭ يادنامىسى ئىكەن.

ھۆپۈپ شۇنچە بىلىملىك، ئەقىللىق بولغىنى بىلەن تولىمۇ پىخسىق، ئىچى تار بولغاچقا، باشقىلارنىڭ بىلىم جەھەتتە ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىپ، ۋەزىرلىك ئورنىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭا، باشقىلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە ھەسەت قىلىپ، ئۆز بىلىمىنى باشقىلارغا تولۇق ئۆگىتىپ قويۇشنى پەقەتلا خالىمايدىكەن، ھەرقانداق ئىش قىلسا باشقىلارغا كۆرسەتمەي، بىلىندۇرمەي يوشۇرۇن قىلىدىكەن. لېكىن، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەتراپىدا ھۆپۈپكە ئوخشاش بىلىملىك كىشىلەرنىڭ كۆپلەپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيەلەشكە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەتمەيدىكەن.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دائىم شاگىرتلىرىغا كۆڭۈل قويۇپ تەلىم بېرىشنى تاپىلايدىكەن. ئەمما، ئۇ «ماقۇل» دەپ قويۇپلا ئۆزى بىلگەننى قىلىۋېرىدىكەن.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ. ھۆپۈپنىڭ قورسىقىدىكى بىلىمى سېسىپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان بەتبۇي پۇراق بەدىنىنىڭ تېشىغا تېپىپ چىقىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇنى سېزىپ:

— سېنىڭ ئىچىڭ تار، يىخسىقلىقىڭدىن بىلىمىڭنى ئەلدىن ئايىدىڭ، بىلىملىرىڭ ئىچىڭدە سېسىپ، چىلە پۇرايدىغان بولۇپ كېتىپسەن، — دەپتۇ.

ھۆپۈپ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ، ئۇچۇپ بارغىنىچە ئەسكى تامنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھۆپۈپنىڭ ماكانى ئەسكى تامنىڭ تۆشۈكى بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپقا تارقىلىپ: «بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما» دېگەن ھېكمەت بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

**ئىسمائىل ئۆمەر**

# ئىش ئاشقا تارتىدۇ، ھۇرۇنلۇق باشقا

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ناھايىتى ئاۋات بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا ئىنتايىن ھۇرۇن بىر بەگزادە ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن نۇرغۇن بايلىق قالغان بولۇپ، ھېچنېمىدىن غېمى يوق ئىكەن، كېچە - كۈندۈز يەتتە قات كۆرپە ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپلا كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ھەتتا ئۇ بىر يېنىنى بېسىپ يېتىپ ئىككىنچى يېنىغا ئۆرۈلۈشكىمۇ ئېرىنىدىكەن، ئۆز قولى بىلەن بىرەر بۇردا نان ئۇشتۇمىغان، قاتتىق - قۇرۇق نەرسە چاينىمىغانىكەن. ئۇ ھۇرۇنلۇقىدىن خوتۇنمۇ ئالمىغانىكەن.

بىر كۈنى، ئاشۇ يۇرتتا تۇيۇقسىز ئوت ئاپەتى يۈز بېرىپتۇ. كىشىلەر مال - مۈلكىنى تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بەگزادە بولسا ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويماستىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ يېتىۋېرىپتۇ. يۇرت ئەھلى ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپ:

— بەگزادە، يۇرت ئوت ئىچىدە قالدى، سەنمۇ بىز بىلەن بىللە قېچىپ كەتكىن، — دېيىشىپتۇ. بەگزادە:

— مەيلى، قاچقانلار قېچىپ كېتىۋەرسۇن، — دەپ قىمىرلاپمۇ قويماستىن يېتىۋېرىپتۇ.

ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى، دەل - دەرەخلىرى كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان

بىرنەچچە كىشى بەگزادىنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— بەگزادە، «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاستىدا يېتىپ مانتا يەپتۇ» دېگەندەك، يۇرت ئوت ئىچىدە قالسا ئېرەنمۇ قىلماي ياتقىنىڭ نېمىسى؟ تۇر ئورنىڭدىن، بىللە كېتەيلى، پەقەت سەنلا يالغۇز قېلىۋاتىسەن! — دېيىشىپتۇ. ئەمما، بەگزادە يەنىلا قىمىرلىماستىن:

— خوش، كەتسەڭلار كېتىۋېرىڭلار، يالغۇز قالسام نېمە بوپتۇ؟ قېلىۋېرىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پۈتۈن يۇرتتىكى كىشىلەر قېچىپ دالىدىكى ئېگىز دۆڭ-گە چىقىۋاپتۇ. ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ غايەت زور گۈل-خان بوپتۇ. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى:

— قاراڭلار، بەگزادىنىڭ ئۆيى كۆيۈشكە باشلىدى، ئەمدى ئۇ قورقىنىدىن بولسىمۇ جېنىنى ئېلىپ قېچىپ چىقىدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بىراق، بەگزادىدىن ھېچقانداق شەپە بولماپتۇ.

پۈتۈن يۇرت كۆيۈپ كۇل بوپتۇ. ئوت پەسەيگەندە كى-شىلەر كۇلگە ئايلانغان كىگىز - پالاس، يوتقان - كۆرپە ئارىسىدىن قاپقارا چۈچىلا بولۇپ قالغان بەگزادىنىڭ جەسى-تىنى تېپىپتۇ.

كېيىن ئەل - جامائەت بۇ يۇرتنى قايتا قۇرۇپ گۈللەن-دۈرۈپتۇ ھەم بەگزادىنىڭ ئاشۇ ئىشىدىن بىزگە ئىبرەت قىلىپ: «ئىش ئاشقا تارتىدۇ، ھۇرۇنلۇق باشقا (تارتى-دۇ)» دېگەن ماقالنى قالدۇرۇپتۇ. بۇ سۆز تارقىلىپ بىزگە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

**مۇگا ئاخۇن**

# ئالغاندا ھەشقاللا، بەرگەندە ئەستەغپۇرۇللا

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغان-كەن، ئاشۇ يۇرتتا سۇلايمان پەيغەمبەر بىلەن خىزىر ئەلەي-ھىسسالامنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، ھەممە جانلىقلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىر دېھقان ئۆتكەن-كەن. ئۇ دېھقانچىلىقنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ قىلغاچقا ھەر يىلى ھوسۇلنى مول ئالىدىكەن، شۇڭا يىلدىن - يىلغا خېلى كۆپ ئاشلىقى ئېشىپ قالىدىكەن. ئۇ ھەر يىلى ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلارغا ئۆشرە - زاكات بېرىدىكەن. ئېشىنچا ئاشلىقنى بولسا ھاجەتمەنلەر قانچىلىك دېسە، شۇنچىلىك بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۆتنىسىنى قايتۇرۇپ ئالغاندىمۇ قانچىلىك بەرگەن بولسا، شۇنچىلىكلا ئالىدىكەن. بىر سەرمۇ ئارتۇق ئالمايدىكەن.

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ، ئاشلىق قويىدىغان قازناققا كىرىپتۇ ۋە ئاشلىقلى-رىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ شامالدىتىشقا كىرىشىپتۇ. تۇيۇقسىز ھويلىدىن بىرىنىڭ يىغا - زارىسى ئاڭلىنىپتۇ. دېھقان ھوي-لىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا بىر ئات تۇرغۇدەك، ئات بېشىنى ئېگىپ دېھقانغا يېلىنىپ:

— يەيدىغان بوغۇزۇم قالمىدى، قوناق بولسا بېرىپ

تۇرساڭ، — دەپتۇ.

دېھقان ئاتقا بىر كۆرە قوناق بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تۆگە كېلىپ قوناق سوراپتۇ. دېھقان ئۇنىڭغىمۇ بىر كۆرە قوناق بېرىپتۇ. ئارقىدىن ئېشەك، قوي، چاشقان، قۇشقاچ، تۆمۈرتۇمشۇق، پاقا قاتارلىقلارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ دېھقاندىن يېمەكلىك سوراپتۇ. دېھقان كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگىنىنى بېرىپ، رازى قىلىپ چىرايلىق ئۇزىتىپتۇ.

كۈز كەپتۇ. دېھقان خامانلىرىنىمۇ يىغىشتۇرۇپ بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر قېچىرنى مىنىپ، يەنە بىر قېچىرنى يېتىلەپ، ئەتىيازدا ئاشلىق ئۆتنە بەرگەنلەرنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. دېھقان ئالدى بىلەن ئاتنى ئىزدەپ تېپىپ:

— ئەتىيازدا ئۆتنە بەرگەن قوناقنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

ئات دېھقانغا خۇش چىراي سالام بېرىپ ئۆتنىنى قايتۇرۇپتۇ. دېھقان ئاتقا:

— ئەزىز بولغايسەن! — دەپ قايتىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان ئات ئادەملەر ئارىسىدا ئەزىز سانىلىپتۇ.

دېھقان ئىككىنچى كۈنى تۆگىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— ئۆتنىنى قايتۇرساڭ، — دەپتۇ.

تۆگە بولسا ئىككى لوككىسىغا ئىما قىلىپ:

— مېنىڭ بۇ ئىككى بالام ئۇرۇشۇپ ماڭا زادى ئارام بەرمىدى. ئاۋۋال مەن بۇلارنى ئەدەپلەپ جىمىقتۇرۇۋالاي، — دەپتۇ ـ دە، جىگدە شېخىغا ئېسىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.

دېھقان كېيىن كېلىشنى نىيەت قىلىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دېھقان يەنە تۆگىنى ئىزدەپ كەپتۇ. تۆگە يەنە ئىلگىرىكى سۆزىنى تەكرارلاپ جىگدە شېخىغا ئېسىلىۋاپتۇ. دېھقان ئۇنىڭغا قاراپ:

— يېيىشىڭ دائىم شاخ ـ شۇمبا بولغاي! — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان تۆگىنىڭ دائىم يەيدىغىنى شاخ ـ شۇمبا ۋە يانتاق بولۇپ قاپتۇ. ئىككى بالىسىمۇ شۇ چاپلاشقانچە تۆگىنىڭ دۈمبىسىدىن ھازىرغىچە چۈشمەپتۇ.

دېھقان ئېشەكنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئېشەك دېھقاننى كۆرۈپلا:

— قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى، — دەپ يەردە يېتىۋېلىپ يۇمىلاشقا باشلاپتۇ. دېھقان ئامالسىز ئېشەكنىڭ يېنىدىن قۇرۇق قول قايتىپتۇ. كېيىن دېھقان بىرنەچچە نۆۋەت كەلگەن بولسىمۇ، ئېشەك ھەر قېتىمدا توپىدا يېتىۋېلىپ ئېغىناپ، قوپماي تۇرۇۋاپتۇ. دېھقان ئېشەكنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ:

— ئۆمۈر بويى قۇم ـ توپىدا ئېغىناپ، يۇمىلاپ ئۆتكەيسەن! — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئېشەك توپىدا ئېغىناپ، يۇمىلاشنى ئادەت قىلىپتۇ.

دېھقان قوينىڭ قېشىغا كەپتۇ. قوي بولسا:

— بىز مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن بىرنېمە دەيلى! — دەپ پادىلار توپىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ.

دېھقان ئۇدا بىرقانچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، قوي يەنە شۇ جاۋابنى بېرىپ پادىلار توپىغا قېتىلىپ كېتىپتۇ. ئاخىر دېھقان قويغا قاراپ:

— ئۇرۇق - ئەۋلادىڭ باش كۆتۈرەلمىگەي، باشقىلارغا يەم بولۇپ ئۆتكەي! — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ قوي ئۆزى مۇستەقىل ياشىيالمايدىغان، هامان بىر كۈنى باشقىلارغا يەم بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

دېهقان چاشقاننىڭ يېنىغا كەلگەندە، چاشقان دېهقاننى كۆرۈپلا:

— ساڭا بېرىدىغان قەرزىمنى مۇشۇ يەرگە كۆمۈپ قويغانىدىم! — دەپتۇ - دە، ئىككى قولى بىلەن توپا كولاشقا باشلاپتۇ. چاشقان كولىغان يېرىگە كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقماپتۇ. دېهقان بىرقانچە نۆۋەت كەلگەن بولسىمۇ، هەر قېتىمدا شۇنداق بوپتۇ. دېهقاننىڭ ئاچچىقى كەپتۇ ۋە:

— ئۆمۈر بويى هارام يېگەيسەن، يېتىشىڭ تۆشۈك - كامار بولغاي! — دەپتۇ.

چاشقان شۇنىڭدىن بۇيان باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ يەپ، تۆشۈك - كامارلاردا ياشاپتۇ.

دېهقان قۇشقاچنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆتنىسىنى سورىغانىكەن، باشلامچى قۇشقاچ:

— سەندىن ئەكەلگەن بۇغداينى بىز هەممەيلەن بىللە يېگەنىدۇق، شۇڭا بىز ئالدى بىلەن كىمنىڭ قانچىلىك يېگەنلىكىنى دېيىشىۋالايلى! — دەپتۇ ۋە توپىقا قوشۇلۇپ بىر - بىرى بىلەن گەپ تالىشىشقا باشلاپتۇ. دېهقان بىرنەچچە قېتىم كەپتۇ. ئەمما قۇشقاچلارنىڭ مەسلىهەتى پىشماپتۇ. دېهقاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— پۈتۈن ئەۋلادىڭ بىرلىككە كېلەلمەي، گەپ تالىشىپ

ئۆتكەيسەن! — دەپتۇ.

شۇڭا قۇشقاچلار هازىرغا قەدەر بىرلىككە كېلەلمەي ياشاپتۇ.

دېهقان تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ يېنىغا كەلگەنىكەن، تۆمۈر-تۇمشۇق:

— مەن قايتۇرماقچى بولغان بۇغداينى يىغىپ، بىر دەرەخنىڭ تۆشۈكىگە قويۇپ قويغانىدىم، هېچ تاپالمايۋاتىمەن! — دەپتۇ ۋە هەدەپ ساق دەرەخنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى چوقۇلاشقا باشلاپتۇ. دېهقان بىرقانچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، تۆمۈرتۇمشۇق دەرەخ چوقۇلاشنى توختاتماپتۇ. دېهقان تۆمۈرتۇمشۇققا قاراپ:

— سەنمۇ ئۆمۈر بويى دەرەخ چوقۇلاپ، قۇرت يەپ ئۆتكەيسەن! — دەپتۇ.

تۆمۈرتۇمشۇق شۇنىڭدىن بۇيان دەرەخلەردىكى قۇرتلارنى يەپ ياشايدىغان بوپتۇ.

دېهقان ئاخىرىدا پاقىنىڭ يېنىغا بارغانىكەن، پاقا دېهقاننى كۆرۈپلا «چولتۇككىدە» سۇغا چۆشۈۋاپتۇ ۋە سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— بىز سەندىن هېچ نەرسە ئالمىغان، بىزنىڭ ساڭا بەرگۈدەك هېچنېمىمىز يوق! — دەپتۇ. ئەتراپتىكى نۇرغۇن پاقىلار تەڭلا بۇ گەپكە ئاۋاز قوشۇپتۇ. دېهقان قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە:

— يېيىشىڭ پاشا - كۇمۇتا، چىۋىن، يېتىشىڭ تۆشۈك - كامار بولغاي! — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان، پاقىلار يازدا پاشا، كۇمۇتا، چىۋىن-

لارنى تۇتۇپ يەپ سۇدا ياتىدىغان، قىشتا بولسا چاشقان كامىرىغا كىرىپ تاپالىسا يەيدىغان، تاپالمىسا ئاچ يېتىشقا مەجبۇر بولىدىغان بوپتۇ.

بۇ ئىش كىشىلەر ئارىسىغا تارقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئالغاندا ھەشقاللا، بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا» دېگەن تەمسىل ئىبرەت بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

**ھاشىم قاسىم**
**ئابدۇرېشىت راخمان**

# ھەركىم ئۆز غېمىدە

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغان-
كەن. ئاشۇ يۇرتتا توققۇز ياش ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىدىن
يېتىم قالغان بىر باقى ئىسىملىك بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ يۇرت-
تىكى بايلارغا ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن تۇرمۇش كە-
چۈرۈپ، ئاز - تولا پۇل يىغىپ بىر جۇپ چۈجە سېتىۋاپتۇ.
ئۇ چۈجىلەرنى بېقىپ كۆپەيتىپ، كېيىنچە تۇخۇم سېتىپ
بىر ئوغلاق ئاپتۇ. باقى ئوغلاقنى بىر يىل بېقىپتۇ. ئوغلاق
چوڭ بولۇپ ئۆچكە بوپتۇ.

بىر كۈنى باقى ئۆچكىسىنى بىر ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ،
ئۆزى بىر بايغا ئىشلىگىلى كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن كېلىپ
قارىغۇدەك بولسا ئۆچكىسى يوق تۇرغۇدەك. ئۇ قاتتىق قايغۇ-
رۇپتۇ، سەھرامۇسەھرا شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۆچكىسىنى تاپال-
ماپتۇ. باقى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى شەھەرگە
كىرىپ ئارىلاپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ شەھەر كوچىسىدا
كېتىۋېتىپ ئۆچكە ساقال بىر مەدداھنىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى
بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. باقى كىشىلەر توپىنىڭ
ئالدىغا ئۆتۈپ مەدداھنىڭ ساقىلىغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇ-
رۇپتۇ. مەدداھ خالايىقنى ھەيران قالدۇرۇپ سىرلىق قىس-
سەلەرنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ كىشىلەر-
دىن سەدىقە تىلىگەندە، ئۇ كېتىپ قاپتۇ. باقى ئەتىسىمۇ
مەدداھ سورۇن تۈزگەن جايغا كېلىپ مەدداھنىڭ ئۆچكە

ساقىلىغا قاراپ ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە بۇلدۇقلاپ يىغلاپ ياش تۆ-
كۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بوپتۇ. تۆتىنچى كۈنى
مەدداھ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ، يىغلاپ ئۆلتۈرغان با-
قىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

— ھەي بالا، سەن تۆت كۈندىن بېرى مېنىڭ ھېكايەم-
نى سورۇننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھەممىدىن كۆپ ئاڭلىدىڭ،
ھەتتا تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتىڭ، نېمىشقا ھەر قېتىم پۇل
بەرمەي كېتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. باقى:

— نەچچە كۈندىن بېرى، بىر ئېغىز گېپىڭمۇ قۇلىقىم-
غا كىرمىدى. مېنىڭ بىر ئۆچكەم بار ئىدى، ئوتلاقتا قويۇپ
بەرسەم يوقاپ كەتتى. مەن شۇ ئۆچكەمنى ئىزدەپ يۈرۈپ
سېنى كۆرۈپ قالدىم. سېنىڭ ساقىلىڭ مېنىڭ ئۆچكەمنىڭ
ساقىلىغا بەك ئوخشايدىكەن. سېنى كۆرسەم ئۆچكەمنى كۆر-
گەندەك بولىدىكەنمەن. شۇڭا، ساڭا قاراپ ئولتۇردۇم ھەم
ئۆچكەمنى سېغىنىپ يىغلىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
ئەتراپتىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ:

— ھەركىم ئۆز غېمىدە، مەدداھ پۇل غېمىدە
ئىكەن، — دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتقا
تارقىلىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ھەركىم ئۆز غېمىدە» دېگەن
سۆز شۇ يېتىم بالىنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگە-
چە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر چاتقال يېزا بەشبالا كەنتىدىن

**ئالىم ھىدايەت**

# سەھراغا چىقسا ئىشىكىنى تونۇمايدۇ، شەھەرگە كىرسە دوستىنى تونۇمايدۇ

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر شەھەر بولغان-كەن. ئاشۇ شەھەردە قاۋۇل دەپ بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوۋغا تولىمۇ ھېرىسمەن، تولىمۇ مەنپەئەتپەرەس كىشى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يىراق سەھراغا ئوۋغا بېرىپ ساۋۇر ئىسىملىك بىر دېھقان بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ساۋۇر مېھماندوست، قىزىقچى ئادەم ئىكەن. قاۋۇل ساۋۇر بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئوۋغا چىقسىلا ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، مېھمان بولۇپ قايتىدىغان بوپتۇ. كېيىنچە قاۋۇل ھەر نۆۋەت مېھمان بولۇپ قايتىشىدا ساۋۇرنى شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ:

— بۇرادەر، سەن بىلەن تونۇشۇپ سىنىڭ ئۆيۈڭدە كۆپ مېھمان بولۇپ كەتتىم، سىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، سەنمۇ شەھەرگە بېرىپ مېنىڭ ئۆيۈمدە مېھمان بولۇپ كەل-گىن، — دەيدىغان بوپتۇ. بۇنداق چاغلاردا ساۋۇر:

— ھازىر شەھەرگە بارارغا زۆرۈر ئىشىم يوق، شەھەر-گە بارار بولسام سىنى چوقۇم ئىزدەپ بارىمەن، — دەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساۋۇر زۆرۈر ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ ئۆز ئىشىنى تۈگىتىپ، قاۋۇل بىلەن بىر كۆرۈشۈپ كېتىش مەقسىتىدە ئۇنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. سا-

ۋور قاۋۇلنىڭ ئۆيىگە ئاز قالغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ناھايىتى قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، قاۋۇل:

— بۇرادەر، سەن مۇشۇ يەردە جىمدەك تۇرۇپ تۇرغىن، باللارنىڭ ئاپىسى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ كەتكەن، مەن ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ سېنى ئۆيگە باشلاپ باراي، — دەپتۇ.

ساۋۇر ماقۇل بولۇپ شۇ يەردە قاپتۇ. ئۇ شۇ ساقلىغىنىچە قاۋۇلنى يېرىم كۈن ساقلاپتۇ. قاۋۇل كەلمەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخمەق بولغانلىقىنى بىلىپ، سەھراغا كېتىپ قاپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. قاۋۇل يەنە ئوۋغا چىقىپ قايتىشىدا ساۋۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ قاۋۇل خىجىل بولغان قىياپەتتە، — ئۆتكەندە بەك سەت ئىش بولدى، سەندىن ئايرىلىپ قېيىنانامنىڭ ئۆيىگە بارسام قېيىنانام ئاغرىپ قاپتۇ. قېيىنانامنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ كەلگۈچە سەن كېتىپ قاپسەن.

ساۋۇر ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ چاندۇرماي:

— بۇرادەر، ئۆتكەن ئىشلارنى تەرگەشمەيلى، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ، مەنمۇ سېنى سېغىنىپ قالغانىدىم. چۈنكى، تېرىغان قوناقلىرىمغا ياۋا توڭگۇز ئۆگىنىۋېلىپ بەك ئاۋارە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، سەن پالۋان بولغاندىكىن شۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلىپ بەرمىسەڭ بولمىدى، — دەپتۇ.

قاۋۇل ماقۇل بوپتۇ. ساۋۇر قاۋۇلنى مېھمان قىلىپ

قوندۇرۇپ قاپتۇ. قاۋۇل ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ساۋۇر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قاۋۇلنىڭ ئېشىكىنى قوناقلىققا قويۇۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ۋاي بۇرادەر، تۇر ئورنىڭدىن، قوناقلىققا ياۋا توڭ-گۇز كىردى! — دەپ قاۋۇلنى ئويغىتىپتۇ.

قاۋۇل ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قورالىنى ئېلىپ، ساۋۇرنىڭ يول باشلىشى بىلەن قوناقلىققا بېرىپتۇ. ساۋۇر قوناق يەۋاتقان ئېشەكنى يىراقتىن كۆرسىتىپ:

— قارا، بۇرادەر، ئۇ ياۋا توڭگۇز ئەنە شۇنداق زور، شۇڭا مەن يېقىن بارالمىدىم، — دەپتۇ.

قاۋۇل تۈن قاراڭغۇسىدا ئېشەكنى پەرق ئېتەلمەي قارد-غا ئېلىپ ئېتىپتۇ. ئېشەك «گۇپ!» قىلىپ يىقىلىپتۇ. ساۋۇر:

— بۇرادەر، بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇم، قالغىنىنى تاڭ ئاتقاندا بىرتەرەپ قىلايلى، — دەپتۇ - دە، قاۋۇلنى باشلاپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

قاۋۇل ئەتىسى قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ ئېشىكىنى ئىزدىسە يوق تۇرغۇدەك، ساۋۇرمۇ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېشەكنى ئىزدەشكە كىرىشىپ-تۇ. ئۇلار ئىزدە - ئىزدە قوناقلىققا بېرىپتۇ. قاۋۇل ئې-شەكنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇرادەر، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ. ساۋۇر:

— ھەي بۇرادەر، بۇنى نېمە ئىش دەپ مەندىن سوراي-سەنغۇ؟ سەن سەھراغا چىقساڭ ئېشىكىڭنى تونۇمايدىغان، شەھەرگە كىرسەڭ دوستىڭنى تونۇمايدىغان ئادەمكەنسەن ئە-مەسمۇ، — دەپتۇ.

قاۋۇل گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ ئارتۇق گەپ قىلماي شەھەرگە پىيادە قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تارقىلىپ ھېكايەت بولۇپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «سەھراغا چىقسا ئېشىكىنى تونۇمايدۇ، شەھەرگە كىرسە دوستىنى تونۇمايدۇ» دېگەن ماقال ئاشۇ قاۋۇل بىلەن ساۋۇرنىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن

**ئەخمەت راخمان**

# بۆرىنىڭ تاپقىنى تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ تاپقىنى دەرەخ بېشىدا

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا، ئېگىز تاغنىڭ بېرىسىدا، پاكار تاغنىڭ نېرىسىدا بىر قويۇق ئورمان بولغانىكەن. ئاشۇ ئورماندا ھەر خىل ھايۋانلار بىرگە ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاغا ئوزۇقلۇق تاپالماي قاقىلداپ يۈرۈپ، بۆرىنىڭ بىر ئېشەكنى ئوۋلاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قاغا كۆڭلىدە بىر ئويىنى پۈكۈپتۇ - دە، بۆرىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ:

— بۆرە ئاكا، بىز يېقىن دوستلاردىن بولساق، بۇنىڭدىن كېيىن تاپقاننى تەڭ يەپ، داۋاملىق ياخشى ئۆتسەك قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

بۆرە ئالدىدىكى يېمەكلىك ئېشىپ - تېشىپ تۇرغاچقا قاغىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ. قاغا بىلەن بۆرە ئېشەكنىڭ گۆشىنى تەڭ يەپ، بىرقانچە كۈننى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئېشەك گۆشى تۈگىشىگە قاغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆرە بىرەر نەرسە ئوۋلىيالماي قاپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئېچىپتۇ، ئوۋ ئىزدەپ يۈرۈپ ھالىمۇ قالماپتۇ. بۆرە بىرئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ يېتىشىغا دەرەخ ئۈستىدىن بىرنەرسە چۈشۈپتۇ. بۆرە قارىسا ئۆزى بىلەن دوست بولغان قاغا دەرەخ

ئۇستىدە بىر نەرسە يەۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن بۆرە زور ئۇمىد بىلەن:

— جېنىم دوستۇم، يەۋاتقىنىڭ نېمە؟ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، تەڭ يېسەك بولاتتى، — دەپتۇ.

قاغا بۆرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان قىياپەتتە شاختا پەر-ۋاسىز ئولتۇرۇپ ئولجىسىنى يەۋېرىپتۇ. بۆرە قاغىنىڭ بۇن-داق شەخسىيەتچىلىكىدىن دىلى رەنجىپ كېتىپ قاپتۇ. بۆرە بۇ ئىشنى ئەتراپتىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ھېچكىم قاغا بىلەن دوست بولماس بولۇپ قاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «بۆرىنىڭ تاپقىنى تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ تاپقىنى دەرەخ بېشىدا» دېگەن تەمسىل بۆرە بىلەن قاغىنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەل-گەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىسى قۇمكارىز كەنتىدىن
**ئېلى ئىسمايىل**

# خانغا يارىغان ئىشىم تازغا يارىماپتۇ

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغاندىكەن. ئاشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى ئوۋ ئوۋلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئوردىدىكى خاس ئادەملىرىنى باشلاپ ئوۋغا چىقىپتۇ. پادىشاھ ئادەملىرى بىلەن كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارمايلا قاتتىق بوران چىقىپ ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. پادىشاھ شۇ ھالەتتە نەچچە كۈن يول يۈرگەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇ. بوران توختىغاندا پادىشاھ ئۆزىنى بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۆرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەچكە ئاشۇ ئۆيدە بىر ۋاخلىق تاماق يېيىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. پادىشاھنى بىر ئاقساقال بوۋاي قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلاپتۇ.

— ھەي ئانىسى، — دەپتۇ بوۋاي مومىيىغا، — مېھمان كەلدى، «ئۆزى كەلگەن مېھمان، خۇدا بەرگەن مېھمان» دەپتىكەن، مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، بار نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئاچىق!

موماي سىنچاي ۋە زاغىر نان بىلەن داستىخان راسلىغاندىن كېيىن:

— مېھمان، كۆڭۈللىرى نېمىگە تارتىدۇ، كۆڭۈللىرى نېمە تاماققا تارتسا شۇ تاماقنى قىلىپ بېرەي، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۆز ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن:
— ئانا، سىلى نېمە تاماق قىلىپ بەرسىلە مەن شۇنى يەيمەن، — دەپتۇ.
موماي ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان بوۋايغا قاراپ قويۇپ يەنە سوراپتۇ:
— مېھمان، كۆڭۈللىرى «سۆرەپ سالا» (لەڭمەن) غا تارتامدۇ ياكى «شايىپەتتا» غا تارتامدۇ؟
پادىشاھ ئوردىدا ھەر خىل ئېسىل تاماقلارنى كۆپ يې-گەن بولسىمۇ، موماي دېگەن تاماقلارنى يەپ باقمىغان، ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ قانداق تاماقلى-قىنى بىلەلمەپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە «شايىپەتتا» دېگىنىدىن قارىغاندا ئاجايىپ ئېسىل تائام بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:
— ئانا، كۆڭلۈم شايىپەتتاغا تارتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.
موماي پادىشاھنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆيدە بار چامغۇر، سەۋزىلەرنى يۇيۇپ، توغراپ، پارچە نانلارنى چامغۇر، سەۋزە شورپىسىغا چىلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپتۇ.
پادىشاھ ئىسسىق تاماق يېمىگىلى نەچچە كۈن بولغاچقا موماي-نىڭ «شايىپەتتا» سى ئاجايىپ مەززىلىك، تەملىك تېتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ «شايىپەتتا» دىن ئۈچ غېدىر[1] ئىچىپ قور-سىقى تويۇپ، ھاردۇقى چىقىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. پادىشاھ ئوي-غىنىپ يېنىدا ئولتۇرغان بوۋايغا:
— بوۋا، بۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى بارمۇ؟ بار بولسا چاقىرىپ كەلسىلە، مەن كۆرۈشەي، — دەپتۇ.
بوۋاي بېرىپ يۇرت ئاقساقىلىنى چاقىرىپ كەپتۇ. بۇ

---

[1] غېدىر — چىنە (تۇرپان شېۋىسى).

يۇرتنىڭ ئاقساقىلى ئەسلىي تاز كىشى ئىكەن. يۇرت ئاقسا-قىلى بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپلا پادىشاھنى تونۇپ، دەرھال تەزىم قىلىپ:
— ئەي، كەرەملىك پادىشاھ، بۇ يۇرتقا كەلگەنلىكلىرى-دىن خەۋەردار بولالماي ئالدىلىرىغا چىقالماپتىمەن، گۇنا-ھىمنى كەچۈرسىلە، — دەپتۇ.
بوۋاي بىلەن موماي مېھمانىنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قاپتۇ. پادىشاھ يۇرت ئاقساقالىغا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەر-گەندىن كېيىن، مومايغا:
— ئانا، بايامقى تاماقلىرىنى ئاچچىقسىلا، مەن يەنە بىر غېدىر يەۋېلىپ ئاندىن ماڭاي، مەن ئوردىغا قايتقاندىن كې-يىن سىلىنىڭ ئەجىرلىرىگە جاۋاب قايتۇرىمەن، — دەپتۇ.
موماي ئىككى غېدىر «شايىپەتتا»نى ئاچچىقىپ بىرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا، بىرىنى يۇرت ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ غېدىرنى قولىغا ئېلىپ ئىچىشكە باشلاپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى غېدىرنى قولىغا ئېلىپ بىر ئوتلاپلا:
— ھەي قېرى دەججال، تەپ تارتماي پادىشاھقا مۇشۇ تاماقنى بېرىشكە پېتىندىڭما، يوقات بۇنى! — دەپتۇ.
پادىشاھ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇشىغا موماي:
— ھەي تاز، سەن يۇرت ئاقساقىلى بولدۇم دەپ ئۆيىڭدە كۈندە گۆش، پولۇ يېگەن بىلەن بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز مۇ-شۇ، بۇنىمۇ تاپساق يەيمىز، تاپالمىساق يوق، خانغا يارىغان ئېشىم سەن تازغا يارىماي قالدىمۇ؟ يارىمىغان بولسا تاماقنى قويۇپ چىق ئۆيدىن، مەن سېنى چىللاپ كەلمىدىم، — دەپتۇ.
پادىشاھ بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، يۇرت

ئاقساقىلى چۈشەندۈرۈپ:
— پادىشاھ ئالىلىرى، سىلى يەۋاتقان بۇ تاماقنى ئۆيدە ئېشىپ قالغان، قېتىپ كەتكەن پارچە - پۇرات نانلار بىلەن ئەتكەن، — دەپتۇ.
يۇرت ئاقساقىلى ۋە موماينىڭ سۆزلىرىدىن ئەھۋالنى چۈشەنگەن پادىشاھ تازا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.
— پادىشاھ ئالىيلىرى، نېمىگە شۇنچە كۈلىلا، — دەپ سوراپتۇ يۇرت ئاقساقىلى.
— بۇ ئانامنىڭ «خانغا يارىغان ئېشىم، سەن تازغا يارىمىدىمۇ» دېگەن گېپىگە كۈلۈۋاتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.
موماينىڭ گېپىدىن يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەن پادىشاھ بوۋاي بىلەن موماينى ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ دائىم يۇرت ئارىلاپ پۇقرالارنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىدىغان بوپتۇ. پادىشاھ شۇنداق يۇرت ئارىلاپ چارچاپ ئوردىغا قايتقاندا موماينىڭ ئالدىغا كىرىپ:
— ئەي ئانا، خانغا يارىغان، تازغا يارىمىغان ئاشلىرىنى ئېتىپ بەرسىلە، — دەيدىكەن.
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تارقىلىپتۇ. ئېيىتىشلارغا قارىغاندا: «خانغا يارىغان ئېشىم، تازغا يارىماپتۇ» دېگەن ماقال ئاشۇ ئىشتىن قېلىپ بىزگە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى قۇمكارىز كەنتىدىن
**ئىبراھىم قاسىم**

# ئۆزى كەلگەن مېھمان، خۇدا بەرگەن مېھمان

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر ئايال ئۆتكەنكەن. ئۇ ئايالنىڭ يولدىشى تۇگەپ كەتكەن، بالىلىرى كىچىك بولغاچقا تۇرمۇشى ناھايىتى غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن. ئۇ ئايال بالىلىرىنىڭ ئەتىگەنلىكىنى تاپسا كەچلىكىنىڭ غېمىنى قىلىپ، باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ ئۆز ئەجرى بىلەن ياشايدىكەن. لېكىن، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ بۇ غورىگول تۇرمۇشىدىن ھەرگىز زارلانمايدىكەن، ھېچقانداق ھارام نەرسىگە كۆز قىرىنى سالمايدىكەن، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئايال بىر باينىڭ ئۆيىدە بىر كۈن كىر يۇيۇپ، نان يېقىپ، ئاران دېگەندە ئۆزلىرىنىڭ قورسىقى تويغۇدەك يېمەكلىككە ئېرىشىپتۇ. ئۇ ئايال بالىلىرى بىلەن ئەمدىلا تاماققا ئولتۇرغاندا ئىشىك چېكىلىپ ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ خۇدانىڭ سالىمىنى بېرىپ ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ.

ئۇ ئايال چاقىرىلمىغان بۇ مېھماننى كۆرۈپ، داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرنى يېپىپ قويۇشنى ئويلاپتىمۇ، لېكىن مېھماننىڭ ئۇستۇۋېشىغا قاراپ كۆڭلى قىيماي:

— كەلسىلە، مېھمان، بۇياققا ئۆتسىلە، — دەپ مېھماننى داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ.

مېھمان ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئايال بالىلىرىنىڭ ئالدىغا بۆلۈپ قويغان ھەممە يېمەكلىكلەرنى يىغىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— قېنى، مېھمان، غىزاغا باقسىلا، — دەپتۇ.

مېھمان تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماي داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. بالىلار مېھماننىڭ يېمەكلىكلەرنى يېيىشىگە قاراپ تامىقىنى چاكىلداتقىنىچە ئولتۇرۇشۇپتۇ. مېھمان يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز يەپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

— داستىخىنىڭلار كۈندە مۇشۇنداق مول بولسۇن، داستىخىنىڭلارغا بەرىكەت ياغسۇن، — دەپتۇ.

— خۇدا تىلىگەنلىرىنى بەرسۇن، — دەپتۇ ئايال.

مېھمان خوشلىشىپ ماڭغاندا، ئۇ ئايال بالىلىرى بىلەن بىرگە مېھماننى ئۇزىتىپ چىقىپتۇ. مېھمان ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايال بالىلىرىغا:

— بالىلىرىم، بۈگۈن كەچتە ئاچ قورساق ياتىدىغان بولدۇڭلار، مېنى كەچۈرۈڭلار، ئۇ يېمەكلىكلەر شۇ ئادەمنىڭ رىزقى ئوخشايدۇ، مەن ئەتە تېخىمۇ كۆپ ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ سىلەرنى ئوبدان مېھمان قىلاي، — دەپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ، داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرنىڭ ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئايالنىڭ ئىشلەپ تېپىپ كەلگەن يېمەكلىكلىرىنىڭ بەرىكىتى بولۇپ، بالىلىرى ئاچ - توق

يۇرمەيدىغان بوپتۇ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن قولۇم - قوشنىلىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىشىپتۇ. ئۇ ئايال بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى قوشنىلىرىغا خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىدە: «ئۆزى كەلگەن مېھمان، خۇدا بەرگەن مېھمان» دېگەن گەپ تارقىلىپ، مېھمان كەلسە ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ ھۆرمەتلەپ كۈتىدىغان ئادەت شەكىللىنىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئۆزى كەلگەن مېھمان، خۇدا بەرگەن مېھمان» دېگەن ماقال شۇ ئىشتىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى قۇمكارىز كەنتىدىن
**ئىبراھىم قاسىم**

# ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغاند-
كەن، ئاشۇ يۇرتتا كاتتا بىر باي بولۇپ تولىمۇ سېخىي
ئىكەن. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق غېرىب -
مۇساپىرنى ئۆيگە باشلاپ، ئېسىل نېمەتلەر بىلەن مېھمان
قىلىدىكەن. غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ جەندە، كۆلالىرىنى
سالدۇرۇپ تاشلاپ، ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنى كىيدۈ-
رۈپ، قولىغا يېتەرلىك ئالتۇن - كۈمۈش تۇتقۇزۇپ يولغا
سالىدىكەن. ئاشۇ باينىڭ ھىممىتىدىن نۇرغۇن غېرىب -
مۇساپىرنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپتۇ، باينىڭ ساخاۋەتلىك نا-
مى يىراق - يېقىنغا تارقىلىپ كېتىپتۇ. ئەمما، باينىڭ
سېخىيلىقىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن ئالدامچى، قىزىل كۆزلەر
بىكاردىن مال - دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن غېرىب - مۇساپىر
سىياقىغا كىرىپ، باينىڭ ئالدىغا كېلىپ، نۇرغۇن مال -
دۇنياغا ئېرىشىپ كېتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ،
باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىدىغان غېرىب - مۇساپىرلار
كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپتۇ. باي بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەن-
لىكىنى بىلمىسىمۇ، كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بوپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ باينى بىر باي دوستى
ئوغلىنىڭ تويىغا تەكلىپ قىپتۇ. باي تويغا بېرىپ مېھمانلار
قاتارىدا ئولتۇرغاندا، باينى تونۇمايدىغان بىرى باينىڭ نامىنى

ئاتاپ تۇرۇپ:

— ئۇ باي بولغان بىلەن، ئۆيىگە بارغان ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان كور ئىكەن. هازىر ئۇنىڭ ئۆيىگە غېرىب - مۇساپىرلار ئەمەس، بايدىن مال - دۇنيا ئۇندۇرۇۋېلىشنى نىيەت قىلىدىغان ئالدامچىلار بارىدىغان بولۇپ قالدى. باي بۇنى پەرق ئېتەلمەي ھەممىسىگە ئوخشاش قاراۋاتىدۇ. شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ باينىڭ هالىغا كىم يېتەر؟ — دەپتۇ.

باي بۇ گەپتىن ئۆيىگە كېلىدىغان غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا ئۆكۈنمەپتۇ. چۈنكى، باي غېرىب - مۇساپىر سىياقىدا كەلگەن ھەممە ئادەمگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ھىممەت كۆرسەتكەنلىكىگە خۇش ئىكەن. باي ئالدامچىلارنى دەپ ھەقىقىي غېرىب - مۇساپىرلارغا كۆڭۈل بۆلەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەقىقىي غېرىب - مۇساپىر بىلەن يالغان غېرىب - مۇساپىرنى پەرق ئېتىش ھەققىدە ئويلىنىپتۇ. ئاخىر باينىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي كېچىپتۇ - دە، ئۆز ئادەملىرىگە بەش - ئالتە ئىت بېقىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار باينىڭ تەلىپى بويىچە بەش - ئالتە ئىت بېقىپ، ئۇ ئىتلارنى ئادەم چىشلىمەيدىغان، قاۋاپ ھەيۋە كۆرسىتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپتۇ. باينىڭ ئادەملىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي سورىغانىكەن، باي:

— مەن ئۆزۈم ئايرىيالمىغان ئىشنى مۇشۇ ئىتلار ئارقىلىق ئايرىماقچى، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلىپ قالىسىلەر، — دەپ ئىتلارنى هويلىغا قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

باينىڭ ئادەملىرى ئىتلارنى قويۇپ بېرىپتۇ. باي ھويد-
لىسىدا دەرۋازىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر
مۇساپىر باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەپتۇ. باينىڭ ئىتلىرى
ھاۋشىغىنىچە يۇگۇرۇپ چىقىپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىنى تو-
سۇپتۇ. ئۇ ئادەم ئىتلارغا پەرۋا قىلماي، ھاسىسى بىلەن
ئىتلارنى قوغلاپ ھويلىغا كىرىپتۇ. باي ئۇ ئادەمنى ئىلگىرد-
كى غېرىب - مۇساپىرلارنى كۇتكەندەك كۇتۇپ يولغا ساپتۇ.
ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ئادەم باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا
كىلىپ يۇقىرى ئاۋازدا:
— ھەق دوست، ھەق دوست، ئاللا، «سەدىقە بالانى
يەر، تۆۋە گۇناھنى يەر»، — دەپ توۋلاپتۇ.
ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باينىڭ ئىتلىرى ھاۋشى-
غىنىچە دەرۋازىدىن يوپۇرۇلۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئادەم بۇنى
كۆرۇپ قولىدىكى ھاسىنى تاشلاپ «ئاللا - توۋا» دېگىنىچە
بەدەر قېچىپتۇ.
باي بۇ ئەھۋالنى كۆرۇپ كۇلۇپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆت-
مەي، يەنە بىر ئادەم ساپايىسىنى شاراقلىتىپ باينىڭ ئىشد-
كى ئالدىغا كەپتۇ. باينىڭ ئىتلىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىنى
توسۇپتۇ. ئۇ ئادەم ئىتلارغا پەرۋا قىلماي ھاسىسىنى پىرقد-
رىتىپ، ئىتلارنى قوغلاپ، باينىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. باي
ئۇ ئادەمدىن:
— سەن ئىتلارنىڭ سېنى تالاپ قويۇشىدىن قورقمىدىڭ-
مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:
— ئىتلىرىڭنىڭ مېنى يەپ قويۇشىدىن قورقۇپ كەتسەم
ئاچلىق بەرىبىر مېنى يەپ قويىدۇ. مەن ئېغىزىمغا بىر بۇردا
نان سالمىغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئاچارچىلىقتا جېنىم قىي-

نىلىپ، جەسىتىم چۆلدە قالغۇچە بۇ ئىتلارغا يەم بولۇشنى ئويلىدىم، — دەپتۇ.

باي ئۇ كىشىنىمۇ ئىلگىرىكى غېرىب - مۇساپىرلارغا ئوخشاش كۆتۈپ يولغا ساپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، باي ئىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقىي غېرىب - مۇساپىرنى ئايرىپ ئۆز ھىممىتىنى غېرىب - مۇساپىرلارغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. باي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تارقىلىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس» دېگەن ماقال ئاشۇ باينىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى قۇمكارىز كەنتىدىن

**ئابدۇرېھىم ئىبراھىم**

# دىمىغى ئۈستۈن ئازگالدا ئۆلەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر بەگ ئۆتكەن بولۇپ، بەگنىڭ بىر ئەركە، ھاكاۋۇر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ھەرقانداق سورۇندا تۆرگە چىقىۋېلىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلىقىدىن يۇرتتىكى تەڭتۇشلىرى بىزار ئىكەن. ئۇ بەگ بالىسى بولغاچقا، تەڭتۇشلىرى ئۇنى ئارىغا ئالماسلىققا ئامالسىز ئىكەن. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەرگەچكە، بەگ بالىسىدىن تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ رايى يېنىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتا بىر باينىڭ ئوغلى توي قىپتۇ. توي مەشرىپىدە بەگنىڭ بالىسى قەستەن تەتۈرلۈك قىلىپ، مەشرەپتىكى يىگىتبېشىلىقنى تالىشىپ تويغا كەلگەن تەڭتۇشلىرىنى تولىمۇ بىزار قىپتۇ. ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭدىن شۇنداقلا قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپتۇ. ئارىدىن بىرى:

— مۇشۇ تويدا چېلىشچىلارغا بېرىدىغان كالا بېشىنى كىم ئالسا ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بېشى شۇ بولسۇن، — دەپتۇ.

باشقىلار بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ. بەگ بالىسى ئۆزىنىڭ چېلىشىپ كالا بېشىنى ئالالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ تەكلىپكە قوشۇلماپتۇ ھەم باشقىلارغا ئورۇن بېرىشنىمۇ خالىماپتۇ. ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىمۇ ئۇنىڭغا يول قويماي:

— سەن مۇشۇ كالا بېشىنى ئۆزۈڭگە مەنسۇپ قىلىشىڭ

كېرەك. بولمىسا ئۆزۈڭنى بىلىپ ئورۇننى بوشاتقىن، — دەپتۇ.
بەگ بالىسى ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئالغۇسى كەلمەي:
— چېلىشتىن باشقا شەرت قويۇڭلار، مەن شەرتنى ئورۇندااي! كالا بېشىنى ئالالمىسام سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارغا كۆنەي، ئالالىسام سىلەر مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنۈڭلار، — دەپتۇ.
ئەتراپتىكىلەر باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئەسلى ئاشۇ يۇرتنىڭ سىرتىدا بىر چوڭقۇر ئازگال بار ئىكەن. ئاشۇ ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن ھەرقانداق جانلىق ئۆزىنى مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدىكەن. ئۇلار مەسلىھەت بويىچە بەگ بالىسىغا:
— بىز كالا بېشىنى يۇرت سىرتىدىكى ئازگالغا دومىلىتىۋېتىمىز، سەن كالا بېشىنى ئاشۇ ئازگالدىن ئېلىپ چىقساڭ يىگىتۋېشىلىق ئورۇندا ئولتۇرغىن! — دېيىشىپتۇ.
بەگ بالىسى يەنە «ياق» دېيىشكە ئامال تاپالماي:
— مەن كالا بېشىنى ئازگالدىن ئېلىپ چىقاي، — دەپتۇ.
يىگىتلەر كالا بېشىنى ئازگالغا دومىلىتىۋېتىپتۇ. بەگ بالىسى مىڭ بىر جاپادا ئازگالغا چۈشۈپتۇ. ئۇ كالا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراپ يامىشىپتۇ، بىر ـ ئىككى قەدەم يۇقىرى ئۆرلە ـ ئۆرلىمەي قولى تېلىپ، كالا بېشى قولىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. بەگ بالىسى يەنە چۈشۈپ كالا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ، لېكىن ئۇ يەتتە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ھېچ بولالماي قاپتۇ. ئۇ ئارام ئېلىش ئۈچۈن كالا

بېشىنى يەرگە قويغانىكەن، كالا بېشى يەنە ئازگالغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ. يۇقىرىدا قاراپ تۇرغان يىگىتلەر ئۇنىڭ كالا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىشىغا كۆزى يەتمەي، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ توي ئۆيناشقا كېتىپتۇ. ئۇلار توينىڭ قىزىقىدا بەگ بالىسىنىڭ ئازگالدا قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشىپتۇ. توي تۈگەپ يىگىتلەر ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

بەگ بالىسى بولسا كالا بېشىنى ئازگالدىن ئېلىپ چىقىشقا تولا كۈچەپ، ماغدۇرىدىن كېتىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ ياتقىنىچە ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ قورقۇنچتا ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئەتىسى باشقىلار بەگ بالىسىنىڭ ئازگالدىن كالا بېشىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ ئازگالغا چۈشسە، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىكەن.

بۇ ئىش ئەتراپقا تارقىلىپ ئەل ئىچىدە ئىبرەت بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەل ئىچىدە: «دىمىغى ئۇستۇن ئازگالدا ئۆلەر» دېگەن ماقال تارقىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى قۇمكارىز كەنتىدىن
**نىياز قاسىم**

# قورسقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى يىغ، كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى يىغ

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بىر تېۋىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كېسىلىگە دورا بەرگەندىن سىرت، بىمارنىڭ مىجەزى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىغا قاراپمۇ بەزى داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىدىكەن. بىر كۈنى تېۋىپنىڭ ئالدىغا ئۇزۇندىن بېرى قورسىقى ئاغرىپ توختىمىغان بىر كىشى كەپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭدىن تۇرمۇش ئادىتى ۋە كۈندىلىك غىزالىنىشىغا ئائىت بەزى سوئاللارنى سوراپتۇ. ئەسلىدە ئۇ كىشى يەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسە ئۆز نەپسىنى يىغالمايدىكەن. تېۋىپ ئۇنىڭغا ئادەتتىكى قورساق ئاغرىقى دورىسىنى بېرىپ، باشقىچە بىر تەدبىر قوللىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ كىشى دورىنى ئېلىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، تېۋىپ ئۇنىڭغا:

— مەن بەرگەن دورىنىڭ بىر خىسلىتى بار. ئەگەر مەن ئېيتقان ئىشلارغا دىققەت قىلمىساڭ تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، شۇنداق بولۇپ قالسا ئاقىۋىتىگە مەن ئىگە بولمايمەن،— دەپتۇ. ئۇ كىشى بۇ گەپتىن چۆچۈپ:

— مەن نېمىلەرگە دىققەت قىلىمەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— بۇ دورىلارنى يەتتە كۈن يەيسەن، بۇ ئارىلىقتا يېمەكلىكتىن پەرھىز تۇتمىساڭ تىلىڭ تۇتۇلۇپ گاچا بولۇپ قالىسەن، — دەپتۇ تېۋىپ ۋە يەيدىغان يېمەكلىكلەرنى بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

ئۇ كىشى دورا ئىچىۋاتقان مەزگىلدە، گاچا بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، تېۋىپ بۇيرۇپ بەرگەندىن باشقا نەرسىلەرنى يېمەپتۇ، دورىنى ئىچىپ بولغاندا قورسىقىنىڭ ئاغرىقى ھەقىقەتەن ساقىيىپتۇ. ئۇ ساقايغاندىن كېيىن تېۋىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دورا ئىچىۋاتقان مەزگىلدە سىلى بۇيرۇپ بەرگەن يېمەكلىكتىن باشقا نەرسىلەرنى يېگەن بولسام راستىنلا گاچا بولۇپ قالاتتىممۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تېۋىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— ئەگەر مەن شۇنداق دېمىگەن بولسام، سەن نەپسىڭنى يىغمايتتىڭ، قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقىمۇ ساقايمايتتى، — دەپتۇ. ئۇ كىشى تېۋىپنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە كۆزى ئاغرىپ قالغان بىر بىمار ئاشۇ تېۋىپنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋاتقاندا بىمار يەنە بىر قولى بىلەن ھەدەپ كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئېرىتىپ توختىماپتۇ. تېۋىپ بۇنى كۆرۈپ بۇ بىمارغا باشقىچە بىر ئامال قوللىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. بىمار تېۋىپ بەرگەن دورىنى ئېلىپ مېڭىشىغا تېۋىپ ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— سەن كۆزۈڭنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئاغرىغانلىقىنى سورىمايلا كېتىۋاتىسەنغۇ؟ — دەپتۇ. ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ كەينىگە يېنىپ:

— كۆزۈم نېمە سەۋەبتىن ئاغرىپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

تېۋىپ سىرلىق قىياپەتتە:

— سەن هامىلدار بولۇپ قاپسەن، شۇنىڭ تەسىرىدىن كۆزۈڭ ئۇزۇنغىچە ساقايماپتۇ، — دەپتۇ.

بىمار تېۋىپنىڭ سۆزىدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، مەن بىر ئەر كىشى تۇرۇپ قورساق كۆتۈرۈپ قانداق يۈرىمەن، بۇنىڭ ئامالى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىمار.

— بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئىككى قولۇڭنى قورسىقىڭدىن پەقەت ئايرىماي سىلاپ بېرىش، ئەگەر ئۇنداق قىلالمايدىكەنسەن، قورسىقىڭدىكى هامىلە كۈندىن - كۈنگە چوڭلاپ كېتىدۇ. ئۇ چوڭلاپ كەتسە مەن ئامال قىلالمايمەن، سەنمۇ تۇغماي ئىلاجىڭ يوق، قورسىقىڭنى ئۈزۈلدۈرمەي ئون كۈن سىلىساڭ بالا چۈشۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بىمار تېۋىپنىڭ ئالدىدىلا ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى سىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ شۇ سىلىغانچە ئون كۈن ئىككى قولىنى قورسىقىدىن پەقەت ئايرىماي سىلىغانىكەن، كۆزى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆزى ساقايغاندىن كېيىن تېۋىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ قورسىقىدىكى «بالا»نىڭ چۈشۈپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. بۇ چاغدا تېۋىپ راست گەپنى قىلىپ:

— مەن قولۇڭنى كۆزۈڭگە تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق دېدىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىمار تېۋىپنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. تېۋىپنىڭ بۇ خىل كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ئەل ئىچىگە تارقىلىپ داڭقى چىقىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى يىغ، كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى يىغ» دېگەن ماقال ئاشۇ ئىشتىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن
ئەركىن كىرەم

# مېھماننىڭ كۆڭلى قىلدىن ئىنچىكە

بىر مۆتىۋەر كىشى بولۇپ، يۇرت ئەھلى ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ مۆتىۋەر كىشىنى بىر بۇرادىرى مېھمان بولۇشقا ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. مۆتىۋەر كىشى:

— تەكلىپىڭىزنى جان دەپ قوبۇل قىلاي، لېكىن ئۆيىڭىزگە مەندىن ئەزىز مېھماننى تەكلىپ قىلمىغايسىز، ماڭا زەھەر بەرمىگەيسىز، مېنى نەزەربەند قىلمىغايسىز، — دەپتۇ.

ساھىبخانا مۆتىۋەر كىشىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ:

— دېگەنلىرىدەك بولىدۇ، تەقسىر، — دەپتۇ ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن مېھماننى ئۆيىگە باشلاپتۇ. ئۇلار تاماق پىشقۇچە بولغان ئارىلىقتا چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما، ساھىبخانىنىڭ تۆت - بەش ياشلاردىكى نەۋرىسى مېھمانخانىغا كىرىپ، تولا جېدەل قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۇزۇپتۇ. كېيىن تاماق تارتىلىپ، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر داستىخانغا تىزىلىپتۇ. مۆتىۋەر كىشى تويغۇدەك تاماق يەپتۇ، لېكىن ساھىبخانا:

— يەنە ئازراق، ئالسىلا ...— دەپ مۆتىۋەر كىشىنى تاماق يېيىشكە زورلاۋېرىپتۇ.

مۆتىۋەر كىشى كىچىك بالىنىڭ غوۋغاسىدىن بىزار بولغاننىڭ ئۈستىگە تاماقنى كۆپ يەپ سېلىپ بىئارام بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىپ قايتىشقا

ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ئەمما ساھىبخانا:

— يەنە بىردەم ئولتۇرسىلا، — دەپ بەكمۇ چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. ئىلاجسىز قالغان مۆتىۋەر كىشى:

— بۇرادەر، ھىممىتىڭىزگە كۆپ رەھمەت، لېكىن مەن ئۆيىڭىزگە مېھمان بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى سىزگە ئۈچ شەرت قويغانىدىم، سىزمۇ ھەم بۇ شەرتلەرگە كۆنگەن ئىدىڭىز، بىراق ئەمەل قىلمىدىڭىز، نەۋرىڭىزنى مېھمانىنىڭ يېنىغا كىرىشكە، جېدەل قىلىشقا يول قويغانلىقىڭىز، بۇ مەندىنمۇ ئەزىز مېھماننى تەكلىپ قىلغانلىقىڭىز بولىدۇ. مەن شۇنچە بەھۇزۇر تاماق يېسەممۇ سىز مېنى يەنە تاماققا زورلاپ ماڭا ئارتۇقچە تاماق يېگۈزدىڭىز، بۇ ماڭا زەھەر بەرگەنلىكىڭىز بولىدۇ. رەھمەت ئېيتىپ قايتىشقا ئورنىمىدىن تۇرسام قايتىشقا يول قويمىدىڭىز، بۇ مېنى نەزەربەند قىلىپ قويغانلىقىڭىز بولىدۇ. مېھماننىڭ كۆڭلى قىلدىن ئىنچىكە ھەم نازۇك، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن مېھمان تەكلىپ قىلغاندا مۇشۇ قائىدىلەرگە ئېتىبار قىلغايسىز، — دەپتۇ - دە، ساھىبخانا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

ساھىبخانا مۆتىۋەر كىشىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغاندا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلماي، ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى بىلىپ كۆپ خىجىل بوپتۇ. كېيىن ئۇ بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن دەپ خالايىققا سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتقا تارقىلىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «مېھماننىڭ كۆڭلى قىلدىن ئىنچىكە» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر يار ئوتتۇرا مەكتەپتىن

**ئالىم نىياز**

# دوستنىڭ دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر قەدىمىي شەھەردە دانىش ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەن بولۇپ، دوستلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. دانىشنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ دانىشنىڭ دوستلىرىنى پات - پات مېھمان قىلىپ تۇرىدىكەن، دانىشنىڭ بىرەر دوستى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ياردەممۇ قىلىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ دانىشنىڭ ئاتا - ئانىسى بىر - بىرلەپ قازا قىلىپ، دانىش يالغۇز قاپتۇ. دانىشنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشنى باھانە قىلىپ بۇرۇنقىدەكلا پات - پات كېلىپ مېھمان بولۇپ تۇرۇپتۇ. دانىشمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆيىدە بارىنى قىلىپ، يوقىنى تېپىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاپتۇ. ئۇزاققا بارماي، دانىشنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان تەئەللۇقاتى تۈگەپ، تۇرمۇشتا قىينىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا دوستلىرىنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلۈپ ئۇنى ئىزدىمەس بوپتۇ.

بىر كۈنى دانىش ئۆيىدە يېگىلى بىرنەرسە يوق ئاچ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوستلىرى يېگۈدەك نەرسە بېرىپ قالار، دەپ ئويلاپ دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بىرمۇبىر بېرىپتۇ. بىراق، ھەممە دوستى تۇرلۇك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، دانىشقا بىرەر ۋاخمۇ تاماق بەرمەپتۇ. دانىش:

« ‹ ئۆزەڭدە يوق، ئالەمدە يوق، دېگەن شۇ ئىكەن، ئادەملەر-
دە ۋاپا، دوستلۇق دېگەن نەرسە قالماپتۇ. ئۇلارنى ئىككىنچى
كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، شەھەرنى تاشلاپ
چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ باياۋاننى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا
بويىغا بېرىپ، قېيىق ياساپ بېلىقچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈ-
زۈشكە باشلاپتۇ. دانىش ئادەملەرنى، ئەل - يۇرتنى سېغىن-
غان بولسىمۇ دوستلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى يادىغا كەلتۈرسى-
لا غەزىپى ئۆرلەپ، ئادەملەردىن يىرگىنىپ، يۇرتىدىكى
سېغىنىشنى ئۇنتۇيدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەريا بويىغا ئىككى دوست
كېلىپ، دانىشقا بىر مۇنچە يارماق بېرىپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ
قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دانىش ئۇلارغا قاراپ:

— سىلەر دوستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار:

— شۇنداق، بىز دوست، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— يالغان، دۇنيادا ھەقىقىي دوستلۇق يوق، — دەپتۇ
دانىش.

— بىز ھەقىقىي دوست، — دەپتۇ ئۇلار.

دانىش ئۇلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ماقۇل بو-
لۇپ قېيىققا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن-
دە، دانىش ئۇلارنىڭ دوستلۇقى زادى قانچىلىك دەرىجىدە
ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، پالاقنى بىر ئۇرۇپلا
قېيىقنى كۆمتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن دانىش ئۇلارنى قۇتقۇز-
ماقچى بولۇپ، سۇ ئۈزۈپ بىرىنىڭ يېنىغا كەلسە، ئۇ:

— مېنى قويۇپ ئالدى بىلەن دوستۇمنى قۇتقۇزغىن،
ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدۇ، — دەپتۇ. دانىش ماقۇل بولۇپ،

ئىقىپ كېتىپ بارغان يەنە بىرىنى قۇتقۇزغىلى بىرىپتۇ. ئەمما ئۇمۇ:

— مېنى قويۇپ دوستۇمنى قۇتقۇزغىن، — دەپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن دانىش ئۇلار-نىڭ دوستلۇقىدىن تەسىرلىنىپ، ھەر ئىككىسىنى قۇتقۇ-زۇپتۇ. ئۇلار دەريا قىرىغا چىققاندىن كېيىن، دانىش ئۆز كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى سىناپ باققانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا قايىل بولغانلى-قىنى، دۇنيادا ھەقىقىي دوستلۇقنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشەنگەن-لىكىنى، ئەگەر خالىسا ئۆزىنىمۇ دوست قىلىشىنى ئېي-تىپتۇ.

دانىشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىككى دوست:

— سەن بىزنىڭ جېنىمىزنى قۇتقۇزدۇڭ، سەن دوست بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسەن، — دەپ دانىش بىلەن ئۆمۈر-لۈك دوست بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جاپادا، راھەتتە بىللە بو-لۇپ، ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ ئۆرنىكىنى يارىتىپ ئەل ئىچىدە كىشىلەرگە ئۈلگە بوپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «دوستنىڭ دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر» دېگەن ماقال دانىشنىڭ ئاشۇ كەچ-مىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھىرى يار يېزا جاي مەھەللىسىدىن

**دولقۇن قادىر**

# ئەرنىڭ ئۇيالغىنى — ئۆلگىنى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ شەھەردىن يىراق بىر چۆلدە ئۆمۈر بويى ئاچچىق سۇ ئىچىپ ھايات كەچۈرۈپ، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم تاتلىق سۇ ئىچىپ باقمىغا-نىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۆلدە قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. يام-غۇردىن كېيىن بىر كۆلچەككە لىققىدە يامغۇر سۈيى يىغىد-لىپ قاپتۇ. پادىچى دۈم يېتىپ كۆلچەكتىكى يامغۇر سۈيى-دىن قانغۇچە ئىچىپتۇ. بۇ سۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى تەملىك تېتىپتۇ. ئۇ: «دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۇ بولمىسا كې-رەك، بۇ سۇدىن پادىشاھقا سوۋغا قىلسام، پادىشاھ چوقۇم مېنىڭ ئىشىمدىن خۇشال بولىدۇ» دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، يامغۇر سۈيىنى تۇلۇمغا توشقۇچە قاچىلاپ ئېشىكىگە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ.

پادىچى بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ شەھەرگە كەپتۇ. ئۇ ئوردا ئىشىكىگە كېلىپ نۆكەرلەرگە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشىد-دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نۆكەرلەر ئۇنى زادى كىرگىلى قوي-ماپتۇ. پادىچى ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. نۆكەرلەر ئاخىر-رى پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ كىرى-شىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىچى ئوردىغا كىرگەندىن كې-يىن، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— ئەي يىگىت، نېمە ئەرزىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىچى:

— ھەي ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ئەرزىم يوق، پەقەت ئالىيلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك يولدىن ئازراق سوۋغات ئېلىپ كەلگەنىدىم. قوبۇل قىلغايلا، — دەپتۇ ھەم يامغۇر سۈيىنى تۇلۇم بىلەنلا پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن تۇلۇمنى ئېلىپ، سۇنى ئىچىپ كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ يامغۇر سۈيى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. لېكىن، پادىچىغا ئىنتايىن ئىللىقلىق بىلەن:

— ھەي يىگىت، ساڭا كۆپ رەھمەت، مەن بۇ سۇنى ھېچكىمگە بەرمەي ئۆزۈم ئىچىمەن، — دەپتۇ ۋە مۇلازىملار- غا پادىچىغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، بۇ جايدىن دەرھال يولغا سېلىپ شەھەردىن چىقىرىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ.

مۇلازىملار پەرماننى بەجا كەلتۈرۈپ پادىچىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان ھالدا پادىشاھ- تىن:

— ئالىيلىرى، نېمە ئۈچۈن پادىچىنىڭ بىر تۇلۇم يام- غۇر سۈيىگە شۇنچە كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىلىلا؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى بۇ جايدا تۇرغۇزماي دەرھال قايتۇ- رۇۋېتىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— ھەي مۇلازىملار، سىلەر شۇنى بىلىشىڭلار كېرەك- كى، ئۇ پادىچى ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ۋە ساداقەت- مەن ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى چۆل ـ جەزىرىدە ئاچچىق سۇ ئىچىپ يۈرگەچكە، بۇ يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ كۆرۈپ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۇ بولمىسا كېرەك دەپ ئويلى-

غان. شۇڭا مېنىڭ كۆڭلۇمنى ئۇتۇش ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇ سۇنى ئېلىپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىلدىم. ئۇنى بۇ جايدىن دەرھال قايتۇرۇۋەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر ئۇ بۇ جايدىكى تاتلىق سۇلارنى ئىچىپ قالسا، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن خىجىل بولۇپ ئۇيات ئىچىدە قالىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئۆلگىنى بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇنى ئۇياتتا قويۇپ، تىرىك ئۆلتۈرگەندىن خۇشال - خۇرام يولغا سېلىپ قويغان ياخشى ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

مۇلازىملار پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىغا قايىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئىچىدە بۇ ھېكايە تارقىلىپ: «ئەرنىڭ ئۇيالغىنى— ئۆلگىنى» دېگەن ماقال بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن
**راجىھ ئابدۇرېشىت**

# بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس،
# پۈت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماـ كاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ بىر شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ ئوۋغا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاجايىپ گۈزەل بىر باغقا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىـ ۋېتىپ، ئىنتايىن يېقىملىق سايرايدىغان ھەم ئادەمگە ئوخـ شاش سۆزلىيەلەيدىغان بىر تۇتىنى بايقاپتۇ. بۇ ئاجايىپ كارامەتكە ھەيران بولغان شاھزادە تۇتىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ تۇتۇش نىيىتىگە كەپتۇ. شاھزادە تۇتى قونغان ھەرقانداق جايغا سىرتماق قويۇپ بىرـ قانچە كۈن ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ئۇنى تۇتالماپتۇ. تۇتى بولـ سا ئۆزىنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى بىلەن شاھزادىنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەپتۇن قىپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە بىر دەرەختە تۇتىنىڭ ئۇۋىسى بارلىقىنى بىلـ لىپ قېلىپ، ئۇۋىغا قىلتاق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى دەرەخ تۈۋىگە مۆكۈنۈپتۇ. تۇتى ئۇۋىسىغا يېقىن دەرەخنىڭ شېخىدا شاھزادىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغانىكەن. تۇـ

تى: «بۇ بىچارە مېنىڭ پېيىمدا يۈرگىلى خېلى كۈن بولدى. مېنىڭ خۇش ئاۋازىمدىن ھۇزۇرلانغىنىغا قانائەت قىلماي مېنىڭ ئۇۋامغا قىلتاق قويۇۋاتقىنىنى قارىمامدىغان، مەن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشەرمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ ئىچىدە كۈلۈپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تۇتىنى غەپلەت ئۇيقۇسى بېسىپ قاپتۇ. تۇتى ناھايىتى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپلا ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ ۋە ئۇۋىسىغا چۈشۈپلا قىلتاققا ئىلىنىپ قاپتۇ. تۇتىنىڭ ئۆز ئۇۋىسىدا قىلتاققا چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولغان شاھزادە ئۇنى دەرھال ئالتۇن قەپەسكە بەند قىلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەي جانىۋار، ھەي جانىۋار، ساڭا ھەر قېتىم قىلتاق قويغىنىمدا، سەن ھەر قېتىم تۇيۇپ قالاتتىڭ ياكى قېچىپ قۇتۇلاتتىڭ، بۈگۈن سەن قانداق قىلىپ سىرتماققا چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇتى ھەسرەتلىنىپ:

— ئەي شاھزادە، مەن سېنىڭ ئۇۋامغا قىلتاق قويۇۋاتقىنىڭنى كۆرگەن ۋە سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭدىن كۈلۈپ ئولتۇرغان ئىدىم. بىراق، بىر چاغدا مۈگدەپ قاپتىمەن. بىردىنلا جاھاننى ئوت يالقۇنى قاپلاپ گۈل - گىياھلار لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. قارىسام پەقەت ئۇۋاملا ئوت يالقۇنىدىن خالىي كۆرۈندى. شۇڭا مەن پاناھ تارتىپ ئۇۋامغا قاراپ ئۇچتۇم. ئەسلىدە غەپلەت ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈپتىكەنمەن، بۇ مېنىڭ تارتقۇلۇقۇم ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە ئوردىسىغا قايتىپ بۇ ئىشنى باشقىلارغا ھېكايە قىلىپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش يۇرت ئىچىگە كەڭ تارقى-

لىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرت ئىچىدە: «بالا ـ قازا كۆرۈ-
نۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن تەمسىل
پەيدا بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتىن
رېشىت قۇربان

# ھەركىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپتۇ

بۇرۇنقى زاماندا سەمى، نەقى، پەنى دېگەن ئۈچ كىشى ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار باشقا يۇرتقا بېرىپ ئويناپ كېلىش ئۈچۈن بىللە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ بارار يېرى يىراق بولغاچقا، يولدا كۆمەچ نان پىشۇرۇپ يېيىش ئۈچۈن ھەربىرى بىردىن كۆمەچدان ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر كۈن يول يۈرۈپ كەچ كىرگۈچە بىرەر قونالغۇغا يېتىۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، چۆلدە قونۇپ، تاڭ ئاتقاندا يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپتۇ. ئۇلار كەچلىك تامىقىغا كۆمەچ نان پىشۇرۇپ يېيىش ئۈچۈن ئوتۇن تېرىشكە باشلاپتۇ، ئەمما كەچ كىرىپ كەتكەن بولغاچقا ئانچە كۆپ ئوتۇن تېرىيالماپتۇ. ئۇلار تېرىپ كەلگەن ئوتۇنغا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئوت يېقىپ، چوغ چۈشۈرسە كۆمەچدىنىنى كۆمگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئوتۇنلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئوت يېقىپ، چوغ چۈشۈرۈپتۇ. ئوتۇن كۆپ بولمىغاچقا چوغمۇ كۆپ چۈشمەپتۇ. ئۇلار چوغنىڭ ئاز چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز كۆمەچ نېنىنىڭ پىشماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چوغنى تالىشىپ كۆمەچدانلىرىنى كۆمۈپتۇ. بىراق، بىرسىنىڭمۇ كۆمەچدىنى چوغ

بىلەن تولۇق كۆمۈلمەپتۇ. ئۇلار چوغنى بىرلەشتۈرۈپ بىر كۆمەچداندىكى كۆمەچ ناننى پىشۇرۇشنى ئويلاشماپتۇ. ئاخىرى بىرىنىڭمۇ كۆمەچ نېنى پىشماي چوغ ئۆچۈپ قاپتۇ. ئۇلار ئاچ قۇرساق يېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا سوغۇقتا بەكمۇ جاپا تارتىپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار يول يۈرۈپ چۈش بولغاندا بىر قونالغۇغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار سارايىنىڭ ئىشىكىدىن كىرە - كىرمەي:

— ۋاي، سارايۋەن، تېز بول، بىزگە تاماق كەلتۈرگىن، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

سارايۋەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماق ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تاماق يېيىشىنى كۆرگەن سارايۋەن ھەيران بولۇپ:

— سىلەر تاماق يېمىگىلى نەچچە كۈن بولغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سارايۋەنگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش سارايۋەن ئارقىلىق ئەل ئىچىگە ھېكايەت بولۇپ تارقىلىپتۇ، كىشىلەر بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئېلىشىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ھەركىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپتۇ» دېگەن ماقال ئاشۇ ئۈچ يولۇچىنىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن

**توختى مۇخپۇل**

# ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق بىر ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى باش ۋەزىر تالىلىماقچى بولۇپ، يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ:

— ئەي يۇرت چوڭلىرى، سىلەرگە سوئالىم بار، كىم جاۋاب بېرەلىسە شۇنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەيمەن، — دەپتۇ.

يۇرت چوڭلىرى ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، پادىشاھ:

— يۇگۈرۈكتىنمۇ يۇگۈرۈك، نېمە ئەڭ يۇگۈرۈك؟ نەغمىدىن نەغمە ئوبدان، قايسى نەغمە ھەممىدىن ئوبدان؟ گۈلمۇ گۈل، قايسى گۈل ئەڭ خوپ؟ قاتتىقتىنمۇ قاتتىق، ھەممىدىن نېمە قاتتىق؟ شۇنى تېپىڭلار، — دەپتۇ.

يۇرت چوڭلىرى ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تاپالماپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ:

— بۇ سوئاللارغا ئەتىگىچە جاۋاب تاپالىساڭلار ئىنئام بېرىمەن، تاپالمىساڭلار دارغا ئاسىمەن، — دەپتۇ.

يۇرت چوڭلىرى غەم بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. ئاشۇ يۇرت چوڭلىرى ئىچىدە ياشانغان بىر ئۆلىمانىڭ ئەمدى ئون يەتتە ياشقا كىرگەن نۇرزات ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئى-

كەن. نۇرزات ئاتىسىنىڭ غەمكىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:
— ئاتا، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
ياشانغان ئۆلىما ئوغلىغا بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بې-رىپتۇ. نۇرزات بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— غەم قىلمىغىن، ئاتا، پادىشاھنىڭ ئالدىغا مېنى ئاپارغىن، ئۇنىڭ سوئالىغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، — دەپتۇ.
ئۇ ئۆلىما ئوغلىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئەزەلدىن ئىشىنىدىكەن، شۇڭا ئوغلى نۇرزاتنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ نۇرزاتنىڭ ئۇستىۋېشىغا بىرقۇر قاراپ چىقىپ:
— سوئالىمغا ھەقىقەتەن جاۋاب بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
نۇرزات تەمكىن ھالدا:
— ھەئە، — دەپتۇ.
پادىشاھ:
— سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلىسەڭ باش ۋەزىرىم بولى-سەن، جاۋاب بېرەلمىسەڭ بېشىڭنىڭ كېتىدىغانلىقىنى بى-لەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
نۇرزات ئاۋۋالقىدەكلا تەمكىن تەلەپپۇزدا:
— ھەئە، بىلىمەن، قېنى سوئاللىرىنى سورىسىلا، — دەپتۇ.
پادىشاھ بۇ ياش يىگىتنىڭ باتۇر، مەردانىلىكىگە قايىل بولۇپ، سوئالىنى باشلاپتۇ:
— يۈگۈرۈكتىن يۈگۈرۈك، نېمە ئەڭ يۈگۈرۈك؟
— كۆڭۈل ئەڭ يۈگۈرۈك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ

نۇرزات، — كۆڭۈلنى يۇگۇرتۇپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

پادىشاھ بۇ جاۋابتىن مەمنۇن بولۇپ، سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— نەغمىدىن نەغمە ئوبدان، قايسى نەغمە ھەممىدىن ئوبدان؟

— قازان نەغمىسى ھەممىدىن ئوبدان، مېھمانلارغا دۇ-تار - تەمبۇر بىلەن نەغمە قىلىپ بېرىپ، قازان تاراقلىتىپ ئوبدان تاماق ئېتىپ بېرىلمىسە كۆڭلىنى تولۇق ئالغىلى بولمايدۇ.

— گۈلمۇ گۈل، قايسى گۈل ئەڭ خوپ؟

— ھەممە گۈللەر ئېچىلىپ توزۇپ كېتىدۇ، پەقەت كېۋەزنىڭ گۈلى ئېچىلىدۇ، توزۇمايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن رەخت توقۇپ كىيىم كىيىدۇ، ئەڭ ياخشى گۈل ئەنە شۇ كېۋەزنىڭ گۈلىدۇر.

— قاتتىقتىن قاتتىق، ھەممىدىن نېمە قاتتىق؟

— ھەممىدىن يوقسۇللۇق قاتتىق.

— سەن يوقسۇللۇقنىڭ قاتتىقلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟

— مەن كىچىك چېغىمدا، بىر كۈنى بىزنىڭ قازىنىمىز چىقىلىپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالدى. ئانام مېھمانلارغا تاماق قىلىش ئۈچۈن قوشنىمىزنىڭ قازىنى-نى سوراپ چىقتى. ئانام قازانغا تاماقنى سالاي دەپ تۇرۇشى-غا قوشنىمىزنىڭ بالىسى كىرىپ ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكى-نى ئېيتىپ قازىنىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدىكى ئانامنىڭ تۇرقىدىن يوقسۇللۇقنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلگەنىدىم.

پادىشاھ نۇرزاتنىڭ جاۋابلىرىدىن ئۇنىڭ ئەقىل - پارا-

ستىگە قايىل بولۇپ، ئۆز ۋەدىسى بويىچە ئۇنى باش ۋەزىر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تارقىلىپتۇ. يۇرت ئىچىدىكى دانالار:

— ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا ئىكەن، — دېيىشىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا» دېگەن ماقال ئاشۇ كەچمىشتىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەل- گەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيىسى چىقتىم بازىرىدىن

**ئىسمائىل ئىسرائىل**